# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
13
دۈشەنبە
维吾尔文 7 月13日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25121 - سان بۈگۈن 4 بەت


## قورغاس پورتىدا چېگرادىن چىقىرىلغان پوچتا پوسۇلكىسى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار فۇ شياۋبو، سۈن شاۋشيۇڭ) مۇخبىرلارنىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، بۇ يىل شىنجاڭنىڭ قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىرىلغان خەلقئارا پوچتا پوسۇلكىسى 300 مىڭنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يۈك توشۇش مىقدارى 5012 توننىغا يېتىپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 20 ھەسسىگە يېقىن ئاشقان.

قورغاس تاموژنىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ما كەي مۇنداق تونۇشتۇردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاۋىئاتسىيە، دېڭىز ترانسپورتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى پوچتا پوسۇلكىسىنى توشۇش يوللىرى توسۇلۇپ قالدى، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىدا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جۇڭگو پوچتىسى مەخسۇس پويىزى قاتنىدى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «جۇڭگو پوچتىسى نامىدىكى» مەخسۇس پويىزى قورغاس تۆمۈر يول پورتىدىن چېگرادىن چىققاندىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى

# مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىنقى مەزگىلدە، چاڭجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى قاتارلىق ئېقىن رايونلىرى، دۇڭتىڭخۇ كۆلى، پوياڭخۇ كۆلى، تەيخۇ كۆلى قاتارلىق كۆللەرنىڭ سۇيى ئېھتىيات سۇ ئورنىدىن ئېشىپ كەتتى، چۇڭچىڭ، جياڭشى، ئەنخۇي، خۇبېي، خۇنەن، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ئېغىر كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتى يۈزبېرىپ، ئادەم يارىلىنىش - ئۆلۈش ۋە مال - مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىگە كىردۇق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشى، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى تەشكىللەپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كۆزىتىش - ئالدىن سىگنال بېرىش، توسما، سۇ ئامبارلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن خەتەردىن قۇتقۇزۇپ، ياردەم بېرىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دۆلەت كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق ئىشتابى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، سۇچىلىق مىنىستىرلىقى قاتارلىق تارماقلار بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش كۈچلىرى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىلمىي يۆتكەپ تەقسىم قىلىشى كېرەك. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئاپەتكە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش - يۆلەش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاپەت سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق بىلدۈردى ——

## «يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات چوقۇم شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈشى، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشى كېرەك»

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، سۈي جىجيەن

بىر نۆۋەتلىك مۇلاھىزە يىغىنى، بىر مەيدان ئۆگىنىش يىغىنى، بىر قېتىملىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سەپەرۋەرلىك يىغىنى. «يول بويى ماڭدۇق، يول بويى ئۆگەندۇق، يول بويى كۆردۇق، ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، مۇقىملىق تەرەققىياتنى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلەيدۇ، تەرەققىيات مۇقىملىق ئۈچۈن كاپالەت شەكىللەندۈرىدۇ. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم مەزمۇنى مۇشۇنىڭدا» دېدى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىككى كۈنلۈك ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئېزىز مۇسا مۇخبىرلارغا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشقا تولۇق كۈچ سەرپ قىلايلى

—— ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنىدا، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر قاتار مۇھىم، زور ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى، بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەلگەن كەسپىلەر باغچىسىنىڭ خادىملىرى ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش سېخىدا مەشغۇلات قىلماقتا. بۇ كەسپىلەر باغچىسى 2019 - يىلى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، نۆۋەتتە 12 كارخانا ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ جايدىكى 6200دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى يېڭى دەرۋازىنى ئاچتى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپىلىرى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ مېيىنتې گۈرۈھى چەكلىك شىركىتىگە كىرگىنىمىزدە، باقمىچىلىق زاۋۇتى ئازادە، يورۇق، ھاۋا ئالماشتۇرۇشى ياخشى بولۇپ، سېسىق پۇراق يوق ئىدى؛ گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سېخىدا، خىزمەت فورمىسى كىيگەن ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

قاراقاش ناھىيەسى «كەسپنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش» خىزمەت تەپەككۇرى بويىچە، «دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلىش، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش»تا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن كەسپنى تۇتۇپ، تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلىدى. كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ، مېيىنتې شىركىتى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

## «كىچىك تونۇر»دىن ياخشى كۆنلەر «چىقتى»



كەلپىن ناھىيەسى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىدىكى پۈتۈن ئاپتوماتىك نان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى (6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارتىلغان). ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، پەرىزات ئابدۇل، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مۇخبىرلار كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۈرچى يېزىسى تومۈرېق كەنتىدىكى ئۆرۈك يۇرتى نانچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا كەلدى. چوغنىڭ ھارارىتىدە، ئۇن ۋە پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارىلىشىپ، دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئەتراپقا تارىلىپ، كىشىلەرنىڭ پۇراش سېزىمى ۋە تەم سېزگۈسىنى غىدىقلايتتى، بۇ بەخت پۇرىقى ئىدى.

نان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەنئەنىۋى مەززىلىك يېمەكلىكى. نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئاممىنىڭ يانچۇقىنى تومپايتتى.

كەلپىن ناھىيەسى نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى نىشانلاپ، كەلپىن ناھىيەسى ئەلنۇرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىنى قۇرۇپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى ئارقىلىق، «كىچىك تونۇر» ئارقىلىق چوڭ كەسپكە تۈرتكە بولۇپ، پۇقرالارنى ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمىنى ئاشۇردى.

غۇلام مۇتەللىپ كوپىراتىپتىكى نامرات ئاھالىلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئاپتوموبىل سېتىۋالغان. 2018 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلغان ئۆرۈك يۇرتى نانچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا، ھازىر بار بولغان كوپىراتىپ ئەزاسى 151 ئائىلە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە 119.

غۇلامنىڭ ئون يىللىق نان يېقىش تەجرىبىسى بار بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى —— كەلپىندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چىپىت (نېپىز نان) نىنى يېقىش ھۈنىرى ۋارىسى.

ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، غۇلام ئۆيىدە نان يېقىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. مۇقىم سېتىش يوللىرى كەمچىل بولغاچقا، كىرىمى مۇقىم ئەمەس ئىدى، بىر كۈندە ياقىقان نانلىرىنى دائىم ئۈچ - تۆت كۈن ساتاتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سكاننېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

## ئەلا يېڭى سورت كۆلىمى 16 مىليون مودىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىيې خۇيبيەن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **جۇ لىڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ «13 - بەش يىل»دىكى مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرى «شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تۈرلۈك سورت يېتىشتۈرۈش بايلىقىدىن 5000دىن كۆپرەكنى كىرگۈزۈپ، باھالاپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان، سايىگە چىدالىق، يېتىپ قېلىشقا قارشى تۇرالايدىغان، ماشىنىدا يىغىۋېلىشقا ماس كېلىدىغان ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىدىن 230نى تاللاپ چىقىپ، ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ 25 يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك يېڭى سورتىدىن 11ى، پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىققا ماس كېلىدىغان كۆممىقوناق يېڭى سورتىدىن 14ى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئۇرۇقچىلىقنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئالدىنقى تۆت ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ھەققى جەمئىي 3 مىليارد 700 مىليون يۈەندىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر**نىڭ شىنجاڭ باج ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ھەققى جەمئىي 3 مىليارد 735 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى باج تارماقلىرى «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دىكى باج بېجىرىش، ھەق تاپشۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ھەق تاپشۇرۇشنى كۆپ خىل چىقىم قىلىش شەكلى بىلەن تەمىنلەپ، باج تاپشۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)